# 50526 ـ ئايال كىشىنىڭ باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى ـ جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى

## سوئال

سوئال : ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى ـ جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس كەلگەنمۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

پۈتۈن ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ توغرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ( ئۇ كىشىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن ) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرمەسلىكى،بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتماسلىقى، يولدىشىغا ئۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى سۆزلەپ بەرمەسلىكى، ئەگەر ئۇنداق قىلسا خۇددى ئېرى ئۇ ئايالغا قارىغاندەك گۇناھكار بولىدۇ.

بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان 5240 ـ ھەدىس.

ھاپىز ىبن ھەجەر ـ ئەل قابىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: "بۇ مەسىلىدىكى توسۇشنىڭ ھېكمىتى سۆيەتلەنگۈچى ئايالنىڭ ھۆسنى ـ جامالى ئەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قىلىپ، سۆيەتلەنگۈچى توغرىسىدا قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ، سۆيەتلەپ بەرگۈچى ئايالىنىڭ تالىقىنى بېرىشكە سەۋەپ بولىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

پەتھۇلبارى 9- توم 338 ـبەتتە مۇنداق بىر ھەدىس زىكىر قىلىنغان : ھەرقانداق بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتمىسۇن دېگەن .

بەدىنى تۇتۇش ئارقىلىق يەنە بىر ئايالنىڭ تېرىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئەگەر تىرە ـ تېرىگە سۈركەلسە بەدەنىنىڭ يۇمشاق ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئايال كىشى ئۈچۈن باشقا بىر ئايالنىڭ بەدىنىگە قارىشى دۇرۇستۇر، لېكىن ئەر كىشىنىڭ نامەھرەم ئايالغا قارىشى چەكلىنىدۇ.